سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# قىپقىزىل ئانار دانىسى سەممىي ئىتتىپاقلىق رىشتى

## —— شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغان 70 يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

□ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي

ھازىر دەل ئانار پىشىدىغان مەزگىل، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن يېزا ـ كەنتلەرگە بارسىڭىز، قىپقىزىل ئانارلارنى شاخلارنىڭ كۆتۈرەلمەي قالغانلىقىنى بايقايسىز. بىرەرسىنى مۇنداقلا يارسىڭىز، ئانار دانىلىرىنىڭ ناھايىتى دانلىق، ناھايىتى زىچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈسىز. بۇ دەل شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ جانلىق تەسۋىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاھالە خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بەلگە قىلىنىپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىنتايىن قويۇق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇلۇغ مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئائىت تەسىرلىك ھېكايىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇلۇغ مەدھىيە ناخشىسىنى ياڭراتتى.

## ■ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتەك باش تېمىنى باشتىن ـ ئاخىر پۇختا ئىگىلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يېڭى تەپەككۇر، يېڭى چارە، يېڭى تەدبىرلەر ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى.

شىنجاڭلىق داڭلىق ئۇسسۇلچى دىلنار ئابلانىڭ ئىشخانىسىدىكى كىتاب ئىشكاپىغا بىر پارچە سۈرەت قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوشماقلاشقان تۇغقىنى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت ئىدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىمەن، نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىمەن.» دىلنار مۇنداق دېدى: «ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش› ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئۈچۈن قەلبلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك سېلىپ بەردى».

2016 ـ يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەڭ چوڭ ئاممىۋى خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەر مىللەت ئاساسىي قاتلام ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، بىللە تۇرۇپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ، بىللە كۆڭۈل ئېچىپ، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتتى، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تاياندى، بىر ـ بىرىگە زىچ باغلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى بار بولۇپ، تۇرمۇشتا كۆيۈمچانلىق يەنە ئۆزلۈكىدىن ئۆزئارا تۇغقانلىشىپلا قالماي، ھەتتا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭمۇ شىنجاڭلىق تۇغقىنى بار بولدى. بىر قاراش، بىر كۈلۈمسىرەش، بىر ئېغىز ئەھۋال سوراشتىنمۇ ئۆزئارا دوستلۇق رىشتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق قويۇق دوستلۇق مېھرى شىنجاڭ تۇپرىقىدا تېز سۈرئەتتە ئەۋج ئالدى، شەخسلەردىن ئائىلىلەرگىچە، ھويلا ـ ئارانلاردىن مەھەللىلەرگىچە، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش سىڭىنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي، قەلبداش بولۇپ، قېينچىلىقلارنى تەڭ ئۈستىگە ئالدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق قىممەت ئىنتىلىشىگە ئايلانماقتا.

بۇ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم، زور ئەھمىيەت بولۇپ، باشقا مۇھىم تەدبىرلەر بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈردى.

—— نىزام چىقىرىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، قانۇنچىللىق جەھەتتىن ھەربىر مىللەتنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتى كاپالەتلەندۈرۈلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلىك نىزام (نىزام خاراكتېرلىك قارار، بېكىتمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)لار تۈزۈلدى، ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە جەمئىي 621 يەرلىك نىزام، يەككە نىزام تەستىقلاندى.

—— مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى ھەم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر باراۋەر ھالدا دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىش ۋە ئۇنى يۈرگۈزدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 69.81%نى ئىگىلەيدۇ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 47.8%نى ئىگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 39.75%نى ئىگىلەيدۇ.

—— دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە شۇ مىللەت تىلىدىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇش سىجىل قانات يايدۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشى كۈچەيتىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى پائال قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىندى، «ئون ئىككى مۇقام» «جاڭغىر» «ماناس» قاتارلىقلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى...

بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىدىيە ئاساسى ۋە ئەمەلىيەت ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن، ئىنتايىن قويۇق، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئىناق مىللەتلەر مۇناسىۋىتى شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە ئايلاندى.

## ■ ئىتتىپاقلىق ئۇرۇقى قەلبلەردە يىلتىز تارتتى

تارىخنىڭ يۆگىمە رەسىمىنى ئاچساق، تىنچ ئازاد قىلىنغاندىن بۈگۈنگىچە، شىنجاڭ تۇپرىقىدا قويۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭقۇر مۇھەببىتى ئىزچىل ئۇرغۇماقتا.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، كېرىيە ناھىيەسىدىكى دېھقان قۇربان تۇلۇم قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم «ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بېرىپ ماۋجۇشىنى يوقلىماقچى» بولغان، كېيىن ماۋجۇشىنىڭ ئىككى قېتىم قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن، كىشىلەر ئۇنى يېقىملىق قىلىپ «قۇربان تاغا» دەپ ئاتىغان.

كۆچادىكى كەشتىچى ئاچا ـ سىڭىل بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىدىن تەسىرلىنىپ، پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «بىر نىيەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كەشتىنى كەشتىلەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭغا تەقدىم قىلدى.

بېكتۇەننىڭ ئاپال خىزمەتچىسى يوۋ لياڭيىڭ 800 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۇمىلىق دېھقان مەمەتتۇرۇپ مۇساق بىلەن تۇغقان بولىسمۇ تۇغقاندىنمۇ ئۆتە يېقىن ئۆتتى، ئۇ ئۇيغۇر ئىنىسىنى يېتەكلەپ بىرلىكتە بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلدى، ئاچا ـ ئىنىلىق مېھرى نۇرغۇن كىشىنى تەسىرلەندۈردى.

قۇربان نىياز ئون نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، بالىلارنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىن تارتىپلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چاچتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئۇنىڭغا ئىسلاھات ئاۋانگارتى نامىنى بەردى، ئۇنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىسى» دەپ ئاتىدى.

چىڭگىلدىكى ئانا ھەنىپە ئالماخۇن ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى باقىدىن سىرت، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون يېتىم بالىنى بېقىۋالدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئالتە مىللەت بار چوڭ ئائىلىگە ئايلاندى.

چۆچەك شەھىرى ئاھالىسى ما لېەنخۇانىڭ ئائىلىسى خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، رۇس، ئۇيغۇر، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىتتىپاق، ئىناق كۆپ مىللەتلىك بىر چوڭ ئائىلە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاق، دوستانىلىقى، مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناقلىقى تىللاردا داستان بولماقتا.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ھويلىسى»دا، قولۇم ـ قوشنىلار ئىناق بىللە ئۆتىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبى ئىللىقلىق بىلەن تولغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن چىن ھېسسىيات، سەممىيلىك چاقناپ تۇرىدۇ.

شىنجاڭدا بۇنداق ھېكايىلەر يەنە ناھايىتى كۆپ. ۋۇ دېڭيۈن، جۇماتاي ئاۋبەكرى، جۇاڭ شىخۇا، بۇرماقان مولدۇ... بۇ ئىسىملارنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن تەسىرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرى بار بولۇپ، خۇددى دانە ـ دانە مەرۋايىتقا ئوخشاش ئىللىق ھەم نۇرلۇق. ئۇلار گەرچە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئوخشاش ئۇلۇغ كۈچى بار بولۇپ، شىنجاڭلىقلارنىڭ مەنىۋى كوردىناتىغا ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدىكى ھەربىر پارچە مۇنبەت تۇپراقتا يىلتىز تارتتى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيدۇ.

2016 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، تۆت ئۇيغۇر يىگىت ئاپتوموبىل ھەيدەپ شائخەي ـ شەنشى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا كېتىۋېتىپ، بىر قاتناش ھادىسىسى نەق مەيداندىن ئۆتكەندە، تۆتەيلەن قىلچە ئىككىلەنمەي ياردەم قولىنى سۇنۇپ قۇتقۇزغان؛ خۇنەن ئۆلكىسى چېنجوۋ شەھىرىدىكى گاۋيىلىڭ مەنزىرە رايونىدا، كاۋاپچى خېبىر ئەخمەت بىرەيلەننىڭ «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ، قىلچە ئىككىلەنمەي سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئايالنى قۇتقۇزۇپ چىققان؛ «مۇشۇكئېيىق قان تىپى»لىق قىز ۋۇ جىڭجىڭ بىر قېتىملىق قان تەقدىم قىلىشتا ياردەمگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر قىز تۇخېنىم ھاجىم بىلەن ئۆمۈرلۈك ئاچا ـ سىڭىللارغا ئايلاندى...

رايون ھالقىغان، مىللەت ھالقىغان بۇ ھەققىي ھېسسىياتلار ھەم تاسادىپىيلىق، ھەم مۇقەررەرلىك.

«شىنجاڭنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدا ماڭغاندا، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سىنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي، ئىناق، دوستانە بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، بۇ جاي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ بىر ‹گۈلزارلىق›ى ئىكەن.» بۇ، بۇ يىل 2 ـ ئايدا سېربىيە سوتسىيالىستلار پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پىردراگ . ماركوۋىچنىڭ «جۇڭگونىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى —— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئەمەلىيىتى» مەخسۇس تېمىلىق تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان ھەم شىنجاڭنى نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلغان، زىيارەت قىلغاندىن كېيىنكى ھەققىي تەسىراتى.

## ■ تەرەققىيات ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشتىكى ئۇل تاش» «تەرەققىياتى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك»، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقى قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلىماقتا.

70 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

70 يىل ئىلگىرى قۇربان تاغىنىڭ بارلىق ئۆي بىساتى بىر كونا ئەدىيال بىلەن بىر مىس چۆگۈن ئىدى. 70 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يۇرتىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى خەلق ھازىر خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايدۇ.

قۇربان تاغىنىڭ يۇرتى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېزا يوللىرىدا ئاپتوموبىل ھەيدەپ ماڭغاندا، قاتار ـ قاتار رەتلىك، پاكىز، چىرايلىق ئەمىن ئۆيلەر، تەرتىپلىك پىلانلانغان رەت ـ رەت سالا ئېتىزلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئىلگىرىكى مۇھىم قاتناش قورالى —— ئېشەكنىڭ ئورنىنى توكسىكلىت، پىكاپ ئالدى؛ ئىلگىرىكى «ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ھەممە يېرى توپا، يامغۇرلۇق كۈنلىرى ھەممە يېرى پاتقاق بولۇپ كېتىدىغان» توپا يوللار ھازىر كەڭ، تۈپتۈز ئاسفالت يولغا ئايلاندى؛ ئىلگىرى ماتادىن تىكىلىدىغان چاپانلارغا بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى ئاماللار قوشۇلۇپ، مودا ھەم چىرايلىق قىلىپ ئۆزگەرتىلدى...

قۇربان تاغىنىڭ يۇرتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 70 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىنىڭ بىر ئىخچام كۆرۈنۈشى.

70 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قاتارلىق توققۇز چوڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەلرايىنى مۇجەسسەملىدى، كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

لوپ ناھىيەسى دول يېزىسىنىڭ چاقما كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق پەزىلەت سەيدىمەمەت ئۆزىنىڭ جياڭسۇ لىيەنچۇاڭ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىدە ئۈچ ئاي ئىشلەپلا بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، مائاشىنىڭ بىردىنلا 1000 يۈەندىن كۆپرەك ئۆسىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. «بۇ جايدىكى خەنزۇ ئۇستازلار بىزگە بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. ھازىر مەن ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان يەتتە ئادەمنى باشقۇرىمەن، مەن چوقۇم كۆيۈمچانلىقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيمەن» دېدى پەزىلەت.

كېمىنىڭ كۈچى يەلكەندە، ئادەمنىڭ كۈچى يۈرەكتە. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى كۆزلەش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچى يەنىمۇ ئۇرغۇدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ!

# يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇنلاشتۇرما قىلىش قاتتىق تەلەپ بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■ يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بەش قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى، ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ ئالغا سىلجىتتى. 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغان مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 105 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ پارتكوم بەنزىسىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چۆرىدەپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى ھەپتىلىك ۋە بىر ھەپتىلىك مەركەزلىك ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساس سالدى. ئۆگىنىش ـ تەربىيەنىڭ تولۇق قاپلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن 118 مىڭ پارچە ئۇيغۇرچە، 38 مىڭ پارچە قازاقچە زۆرۈر ئوقۇشلۇققا مۇشتەرى بولۇپ بەردى.

## ■ يۇقىرى ئۆلچەمدە ئالغا سىلجىتىپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە نۇقتا كۆپ، دائىرە كەڭ، لىنىيە ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە قارىتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلارغا 16 سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەردىن 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىشقا قاتناشقان كەسىپ تايانچلىرىنى ئاجرىتىپ، 8 ـ ئايدا ئىككى قېتىم مەخسۇس تېما بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىگە تەييارلىق كۆرۈشكە قاتنىشىشقا قايتۇردى. شىنجاڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە يەنە پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا قارىتا ۋەزىيەت، سىياسەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، «شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە» «شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى» «شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابلارنى ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشقا تەشكىللىدى، «يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى» ئېلېكترلەشكەن تەربىيە فىلىمىنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى.

## ■ قاتتىق تەلەپ بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەش

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نىشان يۆنىلىشى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «3+3+1» ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىشنى گەۋدىلەندۈردى. «1» يەنى: ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنى تولۇق قويۇپ بېرىش. «3» يەنى: 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە بېكىتىلگەن ئۈچ ئەمەلىي ئىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، ھەر يىلى شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۇبېركۇليوز كېسەللىكى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش، داۋالاش مەسىلىسىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىش؛ نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىلىرىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قېپقالغان ئېغىر نامرات ئاھالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى پائال كېڭەيتىپ، ھەربىر ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئائىلىدە ئاز دېگەندە بىر ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش. «3» يەنى: 2 ـ تۈركۈمدىكى ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، يەنە ئۈچ ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىشنى بېكىتىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى يەنىمۇ پۇختا ئىشلەپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە مۇجەسسەملەش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تۆھپە قوشۇشىغا تۈرتكە بولۇش؛ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك، مۇھىم مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەر ئىچىدىن 77 ئەڭ گەۋدىلىك بولغان، باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدە ھەل قىلغىلى بولىدىغان مەسىلىلەرنى بېكىتىپ، تۈزىتىش، ھەل قىلىشنى چىڭ تۇتتى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)